# 154979 ـ قانداق قىلغاندا ئۆمرە ئىبادىتى سۈننەتكە مۇۋاپىق ئادا قىلىنىدۇ؟

## سۇئال

ئايالىم ھىندىستاندىن كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆمرە قىلماقچى، سىلەردىن ئۆمرىنى ئادا قىلىشنىڭ سۈننەتكە مۇۋاپىق ئەڭ ئەۋزەل يولىنى ۋە ئۆمرە جەريانىدا كۆپ قىلىش ۋاجىپ بولغان ئەمەللەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؟.

## ئىخچام جاۋاپ

ئۆمرىدە قىلىدىغان مۇھىم ئىشلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ـ جۇنابەتتىن يۇيۇنغاندەك پاكىزە يۇيۇنۇش ۋە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش.

ـ ئېھراملىق كىيىمنى كىيىش، ئەرلەرنىڭ ئاستى-ئۈستى ئىككى پارچە بولىدۇ، ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ خالىغان دۇرۇس بولغان كىيىمنى كىيىدۇ.

ـ تاۋاپ باشلانغانغا قەدەر ئۆزۈلدۈرمەي تەلبىيە ئېيتىش.

ـ كەبىنى ھەجەر ئەسۋەدتىن باشلاپ يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىپ يەنە ھەجەر ئەسۋەدتە ئاخىرلاشتۇرۇش.

ـ تاۋاپتىن كېيىن ماقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش.

ـ ساپا-مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم مېڭىش، مېڭىش ساپادىن باشلىنىپ ئاخىرى مەرۋىدە تامام بولىدۇ.

ـ ساپا-مەرۋە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەرلەر چېچىنى تولۇق ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىش، ئاياللار چېچىنىڭ ئۇچىدىن قىسقارتىش كېرەك.

تېما ئۆز ئېچىگە ئالغان مەزمۇنلار:

ـ ئۆمرى ئۈچۈن ئېھرامغا كىرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش.

ـ كەبىنى قانداق تاۋاپ قىلىش ۋە تاۋاپ جەريانىدا ئوقۇش مۇستەھەب بولغان دۇئالار.

ـ ساپا-مەرۋە ئارىسىدا مېڭىش ۋە بۇ جەرياندا ئوقۇش مۇستەھەب بولغان دۇئالار.

ـ ساپا-مەرۋە قىلىپ ئۆمرە پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندا چاچنى قانداق ئالدۇرىدۇ ياكى قىسقارتىدۇ.

ـ ئۆمرە پائالىيەتلىرىنىڭ خۇلاسىسى.

## تەپسىلى جاۋاپ

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

## ـئۆمرە ئۈچۈن ئېھرامغا كىرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش.

ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇندىن (مىيقاتتىن) ئېھرامغا كىرىدۇ، ئېھرامغا كىرىدىغان ۋاقىتتا جۇنابەتتىن يۇيۇنغاندەك پاكىزە يۇيۇنىدۇ، ئەر_ئايال ئۈچۈن ئېھرامغا كىرىدىغان ۋاقىتتا يۇيۇنۇش سۈننەت بولۇپ، ھەتتا ھەيزدار ۋە نىپاسدار ئاياللارمۇ ئېھرامغا كىرىش ئۈچۈن يۇيۇنىدۇ، بېشىغا ۋە چېچىغا خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ، ئېھراملىق كىيىمنى كىيىپ پەرز نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن بولسا پەرز نامازنى ، ئەگەر بولمىسا تاھارەت ئالغاندا ئوقۇيدىغان ئىككى رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇيدۇ، چۈنكى ئېھرامغا كىرىدىغان ۋاقىتتا ئوقۇيدىغان مۇئەييەن نەپلە ناماز يوق. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ ھەدىس بايان قىلىنمىغان. ھەيزدا ۋە نىپاسدار ئاياللار ناماز ئوقۇمايدۇ، ئاندىن: لبيك اللهم عمرة، لبيك اللهم لبيك، لبيك لا شريك لك لبيك، إن الحمد والنعمة لك والملك، لا شريك لك دەپ تەلبىيە ئېيتىدۇ، مەككىگە يېتىپ كەلگەنگە قەدەر تەلبىيە ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

(بەك يىراقتىن كەلگەنلەر بولسا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىدىغان ۋاقىتتا يۇيۇنغاندەك، مەككىگە يېقىنلاشقاندا يۇيىنىۋېتىسە ياخشى بولىدۇ، مەككىگە كەلگەن كىشى ئالدى بىلەن ھەرەم مەسچىتىگە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىدۇ، كىرگەن ۋاقىتتا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت، سالام يوللايمەن، ئاللاھىم! مىنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچقىن. مەن قۇدرەتلىك كاتتا بولغان، كەرەملىك زات ئاللاھ بىلەن ۋە مەڭگۈلۈك ھوقۇقى بىلەن لەنەتلەنگەن شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن».

## ـكەبىنى قانداق تاۋاپ قىلىش ۋە تاۋاپ جەريانىدا ئوقۇش مۇستەھەب بولغان دۇئالار.

كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا باشلىغاندا تەلبىيە ئېيتىشنى توختىتىدۇ، تاۋاپنى ھەجەر ئەسۋەدتىن باشلايدۇ، ھەجەر ئەسۋەدنى سىلايدۇ ۋە مۇمكىن بولسا سۆيىدۇ، بولمىغاندا ئىشارەت قىلىپ بۇ دۇئانى ئوقۇش بىلەن باشلايدۇ: « ئاللاھنىڭ نامى بىلەن، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر. ئى ئاللاھ، ساڭا بولغان ئىمان، كىتابىڭغا بولغان تەستىق، ئەھدىڭگە ۋاپا قىلىش ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش بىلەن باشلايمەن» دەپ، كەبىنى سول تەرىپىگە قىلىپ يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىدۇ، تاۋاپنى ھەجەر ئەسۋەدتىن باشلاپ يەنە ھەجەر ئەسۋەدتە ئاخىرلاشتۇرىدۇ، كەبىدىن ھەجەر ئەسۋەد بىلەن رۈكنۇل يەمانى (ھەجەر ئەسۋەدكە كېلىشتىن بۇرۇنقى بۇرجەك)دىن باشقا ئورۇنلارنى سىلىمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كەبىدىن بۇ ئىككى ئورۇندىن باشقا ئورۇنلارنى سىلىمىغان، بۇ قېتىمقى تاۋاپتا ئەرلەرگە ئاۋۋالقى ئۈچ قېتىملىق ئايلىنىشتا، يوگۈرمەستىن قەدەملىرىنى تېزلىتىپ ئىتتىك مېڭىش سۈننەت بولىدۇ، تاۋاپ ئاخىرلاشقىچە ئۈستى تەرىپىدىكى ئېھرامىنىڭ بىر ئۇچىنى ئوڭ

قولتۇقىنىڭ ئاستىغا قىلىپ ئوڭ دولىسىنى ئوچۇق قويىدۇ، ئېھرامىنىڭ ئىككى ئۇچىنى سول مۆرىسىگە قىلىدۇ، ھەر قېتىم ھەجەر ئەسۋەدكە يېقىنلاشقاندا تەكبىر ئېيتىدۇ، ھەجەر ئەسۋەد بىلەن رۇكنۇل يەمانىينىڭ ئارىسىدا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»، تاۋاپنىڭ قالغانلىرىدا زىكىر ۋە دۇئالاردىن خالىغاننى قىلسا بولىدۇ.

كەبىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ھەر بىر ئايلانمىدا ئايرىم-ئايرىم ئوقۇيدىغان مەخسۇس بىر دۇئا يوق، بەزى ھاجىلار كۆتۈرۈۋالغان ( تاۋاپنىڭ ھەر بىر ئايلانمىسى ئۈچۈن مەخسۇس دۇئا بېكىتىلگەن) كىتاپچىلارنى ئوقۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك، بۇ بىدئەت ئىشلاردىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تاۋاپنىڭ ھەر بىر ئايلانمىسىدا ئايرىم ئوقۇلىدىغان دۇئا بايان قىلىنمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىندا بايان قىلىنمىغان ھەر قانداق يېڭى ئىش بىدئەتتۇر، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى].

تاۋاپ قىلغۇچى تاۋاپ جەريانىدا قىستاڭچىلىق بولۇپ قالغاندا، بەزى كىشىلەردەك خاتالىققا چۈشۈپ قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك، بەزى كىشىلەر تاۋاپ جەريانىدا ھىجىر(ھەتىم)نىڭ كەبىنىڭ دەرۋازىسى تەرىپىدىكى ئىشىكىدىن كىرىپ رۇكنۇل يەمانىغا يېقىن بولغان تەرەپتىكى ئىشىكىدىن چىقىپ تاۋاپنى داۋاملاشتۇرىدۇ، بۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ھىجىر(ھەتىم)نىڭ كۆپ قىسمى كەبىنىڭ جۈملىسىدىن بولغاچقا، تاۋاپ جەريانىدا ھەتىمنىڭ بىر ئىشىكىدىن كىرىپ يەنە بىر ئىشىكىدىن چىقىپ كەتسە بۇ كىشى كەبىنى تاۋاپ قىلغان ھېسابلانمايدۇ، قىلغان تاۋاپى توغرا بولمايدۇ.

## ساپا-مەرۋە ئارىسىدا مېڭىش ۋە بۇ جەرياندا ئوقۇش مۇستەھەب بولغان دۇئالار.

كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇمكىن بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدەم ئىزى بولغان ئورۇننىڭ كەينىگە كېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ، مۇمكىن بولمىسا ھەرەم مەسچىتىنىڭ قايسى يېرىدە ئوقۇسا بولىدۇ، ئاندىن ساپا تېغىغا چىقىدۇ، ئۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا بۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ : إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِنْ شَعَائِرِ اللَّهِ فَمَنْ حَجَّ الْبَيْتَ أَوْ اعْتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَنْ يَطَّوَّفَ بِهِمَا وَمَنْ تَطَوَّعَ خَيْرًا فَإِنَّ اللَّهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ تەرجىمىسى: «سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرى قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ گۇناھ يوق. كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن (ئاللاھ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ)، ئاللاھ ئەلۋەتتە شۈكۈرنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر»، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايەتنى قايتا تەكرار ئوقۇمايدۇ، ئاندىن سەپاغا چىقىپ قىبلىگە يۈزلىنىپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاللاھنى كاتتىلاپ ۋە مەدھىيىلەپ بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ:« ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ يەككە-يېگانە، شېرىكى يوق. پادىشاھلىق ۋە مەدھىيە ئۇنىڭغا خاس، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىر. ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسىگە نۇسرەت ئاتا قىلدى ۋە ئىتتىپاقداشلارنى يالغۇز مەغلۇب قىلدى». ئاندىن باشقا دۇئالارنى قىلىدۇ، بۇ زىكرنى ئىككىنچى قېتىم يەنە تەكرار ئېيتىدۇ ئاندىن باشقا دۇئالارنى قىلىدۇ، ئۈچىنچى قېتىم يەنە تەكرار ئېيتىپ ئاندىن باشقا

دۇئالارنى قىلىدۇ.

ئاندىن ساپادىن چۈشۈپ مەرۋىگە يۈزلىنىدۇ، بەلگە قىلىنغان يېشىل چىراق بار يەرگىچە نورمال مېڭىپ كېلىدۇ، ئىككى تەرەپتىكى يېشىل بەلگە ئارىسىدا باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەستىن يۈرۈش ئاسان بولسا شۇ شەكىلدە تېز يۈرىدۇ، يېشىل بەلگىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن مەرۋىگە بېرىپ بولغىچە يەنە نورمال ماڭىدۇ، مەرۋىگە يېتىپ كېلىپ ئۈستىگە چىقىپ كەبىگە يۈزلىنىپ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ساپادا دۇئا قىلغاندەك دۇئا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدا بىر قېتىم مېڭىش تامام بولىدۇ.

## ـ ساپا ـ مەرۋە قىلىپ ئۆمرە پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندا چاچنى قانداق ئالدۇرىدۇ ياكى قىسقارتىدۇ.

ئاندىن ساپادىن مەرۋىگە قايتىدۇ، بۇ ئىككىنچى قېتىملىق مېڭىش بولىدۇ، بۇنىڭدىمۇ بىرىنچى قېتىملىق مېڭىشتا قىلغاننىڭ ئوخشىشىنى قىلىدۇ، يەنى ساپادىن مەرۋىگە بېرىش بىر مېڭىش بولسا، مەرۋىدىن سەپاغا قايتىش يەنە بىر مېڭىش بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق يەتتە قېتىم مېڭىش تامام بولغاندا، ئەر كىشى خالىسا چېچىنىڭ ھەممىسىنى ئالدۇرىدۇ، خالىسا چېچىنى قىسقارتىدۇ، قىسقارتىش بېشىنىڭ ھەممە يېرىگە ئوخشاش بولۇش كېرەك(باشقا مەزھەپلەردە چېچىنىڭ بەزىلىرى قىسقارتسا بولىدۇ)، ئايال كىشىنىڭ چېچىنىڭ ئۇچىنىڭ ئەتراپىدىن بارماقنىڭ ئۇچىچىلىك مىقداردا كېسىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تولۇق ئېھرامدىن چىققان بولىدۇ، ئېھرامغا كىرىشتىن بۇرۇن ھالال بولغان كىيىم ـ كېچەك، خۇشبۇي ئىشلىتىش ۋە ئاياللار بىلەن بىرگە بولۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھالال بولىدۇ.

## ئۆمرە پائالىيەتلىرىنىڭ خۇلاسىسى:

ـ جۇنابەتتىن يۇيۇنغاندەك پاكىزە يۇيۇنۇش ۋە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش.

ـ ئېھراملىق كىيىمنى كىيىش، ئەرلەرنىڭ ئاستى ـ ئۈستى ئىككى پارچە بولىدۇ، ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ خالىغان دۇرۇس بولغان كىيىمنى كىيىدۇ.

ـ تاۋاپ باشلانغان قەدەر ئۆزلۈلدۈرمەي تەلبىيە ئېيتىش.

ـ كەبىنى ھەجەر ئەسۋەدتىن باشلاپ يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىپ يەنە ھەجەر ئەسۋەدتە ئاخىرلاشتۇرۇش.

ـ تاۋاپتىن كېيىن ماقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش.

ـ ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم مېڭىش، مېڭىش ساپادىن باشلىنىپ ئاخىرى مەرۋىدە تامام بولىدۇ.

ـ ساپا ـ مەرۋە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەرلەر چېچىنى تولۇق ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىش، ئاياللار چېچىنىڭ ئۇچىدىن قىسقارتىش كېرەك.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.